# باش تېما تەربىيەسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

تۈگۈننى تېپىپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ھەقىقىي كۈچەپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ يېڭى پەللىگە كۆتۈردى.

### ■ دىققەتنى نامراتلارنى يۆلەشتىكى كەمتۈكلۈكلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما يىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدىكى ئوتتۇرا قاتلامدىن يۇقىرى كادىرلار ئۆزى مەسئۇل بولغان خىزمەت ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىغا ئاساسەن، ئاساسىي قاتلامدىكى نامرات يېزا - كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە نامرات ئامما ئىنكاس قىلغان قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرگە قارىتا، نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، قۇشقاچ ئوپېراتسىيەسى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سۆھبەت يىغىنى، تەۋەلىك رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، پىكىر ساندۇقى تەسىس قىلىش، پىكىر ئېلىش جەدۋىلى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تېپىپ، مەسىلىنى دەل تېپىش، ئەمەلىي تېپىش، جايىدا تېپىش ئۈستىدە ئىزدەندى.

ما يىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى مەخسۇس تۈردىكى تۈزەيدىغان مەسىلىدىن 23نى تەكشۈردى، كۆزەتتى، بۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتى كەمچىل بولۇش، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولماسلىق، تۈرلەرنى يولغا قويۇش، مەبلەغنى ئىشلىتىشتىن كېيىنكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش جايىدا بولماسلىق قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلار باش تېما تەربىيەسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، تۈگۈننى تېپىپ، تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ روشەن، ئەڭ كۈچلۈك خەلق تۇرمۇشى تېمىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يۈزدىن ئارتۇق مەسىلىنى بايقاپ رەتلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، ئىقتىسادىي تەرەپتىن نازارەتچىلىك قاتارلىق تارماقلار كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار نامرات ئەمەس 43 ناھىيەگە قارىتا نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش بىخەتەرلىكى، ئۈنۈملۈكلۈكى، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇنلۇقى جەھەتتە مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمنى باھالاشنى قانات يايدۇرۇپ، نەتىجە - ئۈنۈمنى باھالاش بىلەن نەتىجىنى تەتبىقلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دائىملىق ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇپ، مەبلەغ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، مەبلەغنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

### ■ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە تۈزىتىشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۈزىتىش مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى زىممىسىگە ئالغان تارماقلار، ئورۇنلار «ئون تولۇق قاپلاش» ئارقىلىق، «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپىنى ئەمەلىيەتكە كۆرسىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى «تۈرتكە كۈچ»كە ئايلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى.

باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ چىقىلغان قىسمەن نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرى قىلىشنى بىلمەسلىك، ياخشى قىلماسلىق مەسىلىلىرىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى؛ كادىرلار، ئامما ئوتتۇرىغا قويغان دەل جايىدا ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ بولۇش، توغرا يۆنىلىشلىك سانلىق مەلۇمات بىردەك بولماسلىق، ئۇچۇر ماس بولماسلىق، بايلىقتىن ھەمبەھىرلەنمەسلىك قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى سانلىق مەلۇمات سۈپىتىنى قوللىنىشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى كۈچەيتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدىكى ئۇچۇرلىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلەشنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇردى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈر قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، نامرات رايونلارنىڭ سۇ، توك، يول قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى سالماقنى داۋاملىق زورايتىپ، 3 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدە 116 تۈرلۈك يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ خىزمەت يىل ئاخىرىغىچە ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىدىكەن. «بۇ يىل ۋە كېلەر يىل يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى تۈر قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 361 مىڭ 500 نامرات ئائىلىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ھەل قىلىنغىلى بولىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى سۇنى ياخشىلاش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۈن مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى يەنە «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشنى مۇددەتتىن بۇرۇن باشلاشنى بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنى بالدۇرلا پىلانلىدى.

«باش تېما تەربىيەسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىز كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ‹14 - بەش يىل› مەزگىلىدە يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا ئىچىدىغان سۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىمىز» دېدى جاڭ يۈن.

### ■ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تېخىمۇ تېز، مۇقىم بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش

«ھازىر، خوتۇنۇم ئىككىلەننىڭ ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمىمىز بار، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا تېخىمۇ ئۈمىدكە تولدۇق!» كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسى ئارال كەنتىدىكى نامرات ئائىلە ئابدۇخېلىل داۋۇتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرلىرىنىڭ ياردىمىدە، يېقىن ئەتراپتىكى توخۇ باقمىچىلىقى ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا بېرىپ ئىشلەپتۇ، خوتۇنى كەنتتىكى كىيىم - كېچەك سېخىغا كىرىپ ئىشلەپتۇ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ ئارال كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، كەنت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ مېيشيا مۇنداق دېدى: «بىز باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ھەقىقىي ياردەم قىلىپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ياخشى ئىش قىلىپ، قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلىپ، تىرىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىمىز!»

باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ قىياپىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، بىر قاتار ھەقىقىي تەدبىر، ئەمەلىي تەدبىر، بىر قاتار خىزمەت ئەمەلىيلەشتۈرۈش نۆۋەتتە دۈچ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، خىزمەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشقا ئۈزلۈكسىز كۈچ قوشتى.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، خوتەن ناھىيەسى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنى ھەرىكەت ھالىتىدە تەڭشەش، نامرات كەنتلەرنى چېكىندۈرۈش قاتارلىقلارنى رەتلەپ، توپلانغان تەجرىبىلەرنى مۇستەھكەملىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خوتەن ناھىيەسى كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە ئون چوڭ كەسىپنى پىلانلىدى. خوتەن ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياۋ يوۋباۋ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نۇقتىلىق خىزمەتلىرىگە بولغان كۈچلۈك يېتەكچىلىكى ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيە بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش نامايان بولدى، بىزنىڭ ئىشەنچىمىز تېخىمۇ تولۇپ تاشتى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ تاۋلىشى ئارقىلىق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇش خىزمەت يۆنىلىشى تېخىمۇ ئېنىق، قەدىمى تېخىمۇ پۇختا بولدى. «بىز تېخىمۇ پۇختا تەدبىرلەر ئارقىلىق، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ، نامرات ئاممىنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىدىن بەھرىمەن قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىمىز» دېدى ما يىڭ.

# «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قائىدىنى چۈشىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، تۈزىتىشنى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇردى.

يىغىندا چېڭ جېنشەن، جۇرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا يازما سۆز قىلدى، جاڭ بو، مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر، ما شيۈچېڭ پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك پارتىيەنىڭ شانلىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى - بۇرچىنى ھېس قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتى ئەمەلىيىتى ۋە مەسئۇل ساھە دۈچ كەلگەن مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تىرىشىش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇردى. كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كونكرېت تەدبىرگە ئايلاندۇرۇش، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نەزەرىيە ئۆگىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يولىيورۇقىنىڭ روھىنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم ماقالىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئېتىقادىنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىش كېرەك. بايراق روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەقلىي جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ھېسسىيات جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، قەتئىي قوغداش ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، «ئىككىنى قوغداش»نى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە نامايان قىلىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتا نامايان قىلىپ، كۆڭۈلدىكى سۆز - ھەرىكەتتە نامايان قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي خىسلەتنى تاۋلاپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قوش يۆنىلىشلىك كۈچەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىش كېرەك. ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك چىڭىتىپ، باشتىن - ئاخىر پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى باش ئورۇنغا قويۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بىلەن فۇنكسىيەنى ئادا قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، تەشكىللەش كۈچىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىستىل، ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئۈچتە ئۈلگە بولۇش»نى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگاننى تىرىشىپ قۇرۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا، ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»نى كوللېكتىپ ئۆگەندى، بىر قىسىم يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش پارتىيەمىزنىڭ ئەڭ روشەن پەزىلىتى. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى بولۇپ، دەل ۋاقتىدا بولدى، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەڭگۈلۈك تېما قىلىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، ئۆزلۈكسىز ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نەزەرىيە يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە ھەقىقىي سەزگۈر بولۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. ئىدىيەۋى روھنى سۇرۇشتۇرۇپ، ئۆزىنى يېڭىلاش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىدىيە جەھەتتە ھەقىقىي ھوشيار بولۇش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە «قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش، كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش»تىن ئىبارەت تۈپ مەسىلىگە ياخشى جاۋاب بېرىپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ باشتىن - ئاخىر سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇستەھكەم بازا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەنبەنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش ئەڭ چوڭ سىياسىي نەتىجە دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىستىل جەھەتتە قاتتىق بولۇپ، ئېسىل ئىستىل ئارقىلىق باش نىشاننى قوغداش كېرەك.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى ۋە مائارىپ سىستېمىسى باش تېما تەربىيەسىدە ئالدىدا مېڭىپ، ئۈلگە بولۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى قەلبلەرگە سىڭدۈرۈش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا ئىشلەش، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى چىڭىتىشقا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)